# شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە

بۇرھان شەھىدى

شىنجاڭ بۇرۇنقى تارىخلاردا «غەربىي رايون» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇرۇنلا، ئۇ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ تەقدىرى پۈتۈن جۇڭگونىڭ تەقدىرى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشكەن.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىگە دائىر ھۆججەتلەردە كۆپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدەك شىنجاڭدا كۆپ يىللاردىن بۇيان يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا ياشاپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشكە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

1950 - يىلى 10 - ئايدا، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى قەدىمكى مىرەن شەھىرى خارابىسىدىن ئۇيغۇر كەكمەنىرنىڭ ئۈچ شېئىرى تېپىلغان. ئۇنىڭ «خەت ئۆگىنىش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خەنزۇلارنى قەدىمدىن ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەنمىز، خەت ئۆگىنىپ ھېچقاچان ھېرىپ قالغان ئەمەس بىز. ئۇن نەچچە يىل بۇ خەتنى ئۆگىنىپتۇ بوۋىمىز، ئون ۋە ئىككى يىل بىلەن تاماملاپتۇ دادىمىز. ماڭا كەلگەچ بۇ خەتنى ئون ئۈچ يىلدا ئۆگەندىم. لى بەي بىلەن دۇفۇنىڭ دىۋانىدىن زوقلىنىپ، ئۇستاز تۇتۇپ كەلەكتىم ھەممە ئۇلنى ئۆگىنىپ». دېمەك، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى رايونىنىڭكىگە ئوخشاش بولغان، «كەكمەنىر شېئىرى» يۈەنخېنىڭ 10 - يىلى، يەنى مىلادىيە 815 - يىلى يېزىلغان. كەكمەنىرنىڭ مىللىي ئىناقلىق ھېسسىياتى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، XIX ئەسىردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ تارىخىي مۇناسىۋەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان ۋە بېيىتقان. بۇ ھۆججەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

ماتېرىياللاردىن شۇنى بىلىمىزكى، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن، شىنجاڭ رايونى «غەربىي رايون» دېيىلگەن، غەربىي رايون ۋەتەننىڭ غەربىي زېمىنى دېگەن بولىدۇ. 1755 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقان ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايوندا ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتە بىۋاسىتە باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىنلا، بۇ رايون «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان. 1884 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بۇ رايوندا ئۆلكە تەسىس قىلغان. شۇڭا، شىنجاڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان بىۋاسىتە قاراشلىق رايون ياكى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئۆلكە دېگەن بولىدۇ. ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» بولسا XIX ئەسىردە دۇنيادىكى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇستەملىكىچىلىك - تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن نام. ئەينى ۋاقىتتا، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى مەركىزىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «تۈركىستان» دەپ ئاتىغان ھەم زەرەپشان دەرياسىنى چېگرا سىزىقى قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارنى «غەربىي تۈركىستان»، شەرقىدىكى جايلارنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان. بۇ ناملاردا پۈتۈنلەي تىل ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئاساس قىلىنغان بولۇپ، روشەن تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتى بار. بەزىلەر ئەينى ۋاقىتتا غەرب مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىدە ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك نامنى «ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ نامى» دەۋالغان، روشەنكى، بۇ ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان ھاقارەت.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تارىخنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرىگىچە سۈرۈش مۇمكىن. كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شۇنى نامايان قىلىدۇكى، شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن رەڭلىك ساپاللار بىلەن كېيىنكى ۋاقىتتا خەنزۇ مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق مەنبەلەردىن بىرى بولغان شيالارنىڭ ياڭشاۋ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بولغان. مىلادىيىدىن 3 - 5 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكى مەشھۇر خەنزۇچە ھۆججەت «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ۋە «تاغ - دەريالار قامۇسى» دە شىنجاڭ رايونى كۇئېنلۇن تاغلىرى، قىزىل سۇ توغرىسىدا خاتىرىلەر يېزىلغان. مىلادىيىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاڭچيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى دەۋرگە كىرىشكە باشلىغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى (مىلادىدىن 140 — 87 - يىلى ئىلگىرى) زامانىدىن باشلاپ، «غەربىي رايون زېمىنى ئىچكىرىنىڭكىگە تەڭ ۋە بولغان»، شىنجاڭ رايونى رەسمىي تۈردە جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمەتلىرى شىنجاڭ رايونىدا دۇخۇ (تۇتۇق ھىراۋۇل — قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى) ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا ئوتتۇرانچى چېرىكچى بەگ قويۇپ، شۇ جايدىكى 36 بەگلىكنىڭ (كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنگەن، يەنى بىر شەھەر بىر «بەگلىك» قىلىنغان. مەسىلەن، نىيە مۇ بىر «بەگلىك» ھېسابلانغان، بىراق، ئۇنىڭ ئاران 356 ئائىلىسى بولغان) ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، بۇ رايوندا دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى رەسمىي ئىشقا ئاشۇرغان. ئىچكى رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭغا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ياكى يۆتكەپ كېلىنىپ، بۈگۈر، چېدىر، قاڭقىل، ئۆۋرغۇل قاتارلىق بىرمۇنچە جايلاردا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىننى ئېچىپ گۈللەندۈرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق سەركەردىلەردىن فۇ جيېزى، چاڭ چيەن، بەنچاۋ قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال قوللىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھۇن قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ۋەھشىيانە زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارىسىدىكى داڭلىق «يىپەك يولى» نى ئېچىپ ۋە قوغداپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي ئەللەرنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. «يىپەك يولى» دىكى تۇرپان، نىيە ناھىيىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى نەپىس يىپەك توقۇلمىلار ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل — پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ماددىي دەلىلى.

تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى دۇخۇ (ھىراۋۇل — قورۇقچى بەگ) تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەنشى (ھازىرقى كۇچا)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا دۇخۇ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان، ئۇنىڭ قول ئاستىدا كىنگىت، كۇسەن، ئۇدۇن دۇدۇ (تۇتۇق بەگ) مەھكىمىسى

تەسىس قىلىنغان: بېشبالىق دۇخۇ مەھكىمىسى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايوننى باشقۇرغان، ھەم بۇ رايوننى ئىچكىرىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى بويىچە بىر قانچە مەھكىمە، ئايماق ناھىيىگە ئايرىغان. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي رايونغا قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىقىنى غەربىي خەن دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيتكەن، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشقان. «يىپەك يولى» نىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ۋە غەرب كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان. جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىپ، راۋاجلانغان. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، بەش پادىشاھلىق، لياۋ، جىن، ئىككى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

موڭغۇل خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى يەنىمۇ راۋاجلانغان. 1209-يىلى (موڭغۇل خانلىقى تەيزۇ خاننىڭ 4-يىلى) موڭغۇللار نايمان قەبىلىسىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئالدى بىلەن موڭغۇللارغا ئەل بولغان، چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتىنى بەشىنچى ئوغۇل قىلىپ، «ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارلىق تاجدارى» قىلغان. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر رايونىدا دۇۋان ۋازارىتى تەسىس قىلغان، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللىرىدا ئەمرلەشكەر مەھكىمىسى، ۋالىي مەھكىمىسى، مۇپەتتىش جوجۇقى، جارچى سىلاۋچى جوجۇقى، پۇل ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جوجۇقى، پۇل غەزنىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، ئەدلىيە، مالىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرغان. يۇقىرى قاتلامدىكى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئۇلاردىن بەزىلىرى باش ۋەزىر، ئەمرلەشكەر، چېگرا مۇھاپىزەتچىسى ۋە ئامبال بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، مالىيە، مەدەنىيەت ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپە كۆرسىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھىدا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن قالسىلا ئىككىنچى مۇھىم تەركىبىي قىسىم بولغان.

موڭغۇل خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونى موڭغۇل ئەۋلادلىرىنىڭ فېئودال گۇرۇھى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ فېئودال بۆلۈنمىلەردىكى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق پۇشتلىرى»غا قارىتا «تەسەللىي بىلەن جەمئىي تۇرۇش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز جايلىرىدا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان، لېكىن ئۇلار مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەرگەن مەنسىپى، ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىشى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تەڭشەپ - يۆتكىشىگە بويسۇنۇشى شەرت قىلىنغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارمۇ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قۇمۇلدا قۇمۇل مۇھاپىزەت مەھكىمىسى قۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭ (خان) تەيىنلەپ، ئالتۇن تامغا بەرگەن، بىۋاسىتە دورغاپ، جىشەن، يېتەكچى قاتارلىق مەنسەپدارلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى «غەربىي رايوننى ساقلىغۇچى»، «غەربىي رايوننىڭ باج - سېلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى» قىلغان، شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇمۇل رايونى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باشقۇرىدىغان بىر مەمۇرىي رايون بولغان.

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى جايلاردا ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان. ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا دۇتۇڭ ياكى مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلغان، باشقا جايلارغا ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ياكى يېتەكچى ئامبال تەيىنلىگەن. 1884 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوقەند تاجاۋۇزچىسى ياقۇپبەگ قۇرغان ھاكىمىيەتنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلغان ۋە چارروسىيە ئىشغال قىلىۋاتقان ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىپ، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى تېخىمۇ بىۋاسىتە باشقۇرغان. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاقىسى يەنىمۇ قويۇقلاشقان.

ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى نورمىسىنى زىيادە قىلىپ ئارتۇق قىلىش ۋە ئۆلچىدىن ھالقىپ ئېلىپ بېرىلغان مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ئادەتتىكى ۋاقىتلىق تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ مەركىزىي ھوقۇقى بۇ رايوندا ئۇزۇن ۋاقىت ئۈزۈلمەي بىۋاسىتە يۈرگۈزۈلگەن مۇناسىۋەت بولۇپ كەلگەن، يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىسپاتلىدى.

ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەنزۇ ۋە ئىچكى رايونلاردىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن كەڭ تۈردە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا خەنزۇ خەلقى «قۇدۇق، ئېرىق ــ ئۆستەڭ» قېزىش ۋە قۇدۇق، ئېرىق ــ ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىپ يەر سۇغىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتەك ئىلغار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا تارقاتقان. شۇنىڭدىن كېيىن، پىلە بېقىش، يىپەك ئىشلەش، پىتال تاۋلاشقا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىمۇ شىنجاڭغا داۋاملىق كىرگەن، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، قول سانائەت تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاختا، ئۈزۈم، ياڭاق، ئانار، تاۋۇز، تەرخەمەك، زىغىر، بېدە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارمۇ شىنجاڭدىن ئىچكى رايونلارغا داۋاملىق كىرىپ، ئىچكى رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان. خەنزۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا قاتارلىقلىرىمۇ ئوخشاشلا خەنزۇ خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. مۇشۇنداق كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرۈشى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر، مۇستەھكەم قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان.

ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېلىس قولىنى شىنجاڭغا سوزۇشقا باشلاپ، شىنجاڭنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراشتەك پاجىئەلىك

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئورتاق تارىخىي تەقدىر، ئورتاق ئىنقىلابىي تەلەپ، ئورتاق كۈرەش يولى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىچكى زىچ ئىتتىپاق بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئورتاق تەقدىر، ئورتاق تەلەپ تۇتاشتۇرغان قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مۇشۇنداق مۇناسىۋەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت قۇل قىلىشىدىن خالىي بولۇش تەقدىرىنى تەمىن ئەتكەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئۇزۇن مۇددەت باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشتەك سۇيىقەستىنى بىر قانچە قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ قالغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا ۋە ئىچكى شارائىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم جىددىي ئىدى. بۇ مەزگىلدە، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى ۋەكىللىك قىلغان فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى مىسلىسىز ئېغىر دەرىجىگە يەتكەن. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيادىكى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەر بەس - بەس بىلەن ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېڭىدىن ئىچكى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن. جىددىي مالىيە بۆھران، كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان سىنىپىي زىددىيەت ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلغان. 1851 - يىلى گۇاڭشىدا پارتلىغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىن باشلاپ، 1854 — 1856 - يىللىرىغىچە گۇيجۇدىكى مياۋزۇ، يۈننەندىكى خۇيزۇ، ئەنخۇي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىكى نيەنجۈن قوشۇنى (قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى)، 1861 - يىلى شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇلار ئارقا - ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت مىقياسىدا غايەت زور ئىنقىلاب بورىنى كۆتۈرۈلگەن. مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى شىنجاڭ رايونىدىمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. 1864 - يىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالغان خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ئىلھامى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1864 - يىلىدىكى قوزغىلىڭى XIX ئەسىر-
نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستە-
بىتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى
ئىدى. لېكىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى باشلىنىش بىلەن-
لا، بىر مۇنچە ئېغىر ئاجىزلىق ئاشكارىلانغان. ئەمگەكچىلەر كۈرەش جەريانىدا
روشەن كۈرەش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، كۈچلۈك رەھبەرلىك
شەكىللەنمىگەن. يەرلىك فېئودال پومېشچىكلار ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر
دەسلەپتىلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا كىرىۋالغان ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتى-
ۋالغان. فېئودال پومېشچىكلار ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر «چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش» ۋە «دىنىنى قوغداش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا
قويۇش ئارقىلىق ئاممىنى ئالداپ ۋە ئەخمەق قىلىپ، خەلق قوزغىلىڭىنىڭ كۈرەش
تىغىنى كەسكىن سىنىپىي زىددىيەتتىن مىللىي زىددىيەتكە بۇرىۋەتكەن ھەم
خەلق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، فېئودال پومېشچىكلار بىلەن
دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىرلىشىپ دىكتاتورا يۈرگۈزىدىغان فېئوداللىق
ھاكىمىيەت قۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى ئۈزۈل-
كېسىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئەمگەكچى خەلق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭكىدىنمۇ
دەھشەتلىك ھەم ۋەھشىيانە زۇلۇم ۋە قۇللۇق ئىچىدە قالغان.

ھەر قايسى جايلاردىكى فېئوداللار گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ فېئودال ھۆكۈم-
رانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن، شىددەتلىك ئىچكى كۈرەش
ئېلىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىدا ئېغىر بۆلگۈنچىلىك ۋە قالايمىقان-
چىلىق ۋەزىيىتى يۈز بەرگەن. بۇ ئەھۋال چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ
بېسىپ كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. 1865 - يىلى ئەتىيازدا،
قوقەند خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ياقۇپبەگنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى-
دىكى مۇھىم شەھەر قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە ئەۋەتكەن. ياقۇپبەگ
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئاتالمىش «ھىندىستان چېگرا مۇداپىئەسى سىستېمىسى»
دېگەن مۇستەملىكىچىلىك پىلانىنى پائال يۈرگۈزۈۋاتقان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى-
نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن
كۆپ مىقداردىكى ھەربىي ياردەمگە تايىنىپ، شىنجاڭدىكى يەرلىك فېئوداللار
گۇرۇھىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى تېزلا يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى
پۈتكۈل جايلارنى ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر قىسىم جايلارنى
ئىشغال قىلىپ، ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرغان. ياقۇپبەگ

تۈزۈلۈك شەرتنامىلەر ئارقىلىق، شىنجاڭنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ۋە ئوسمان تۈركلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەنگلىيە بىلەن جىددىي مۇستەملىكە رىقابىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاررۇسىيە ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق بىئارامىلىق ھېس قىلغان. 1871 - يىلى يازدا، ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شىمالغا قاراپ كېڭىيىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتقاندا، چاررۇسىيە ئالدىراپ-سالدىراپ ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىپ، «ۋەكالىتەن قايتۇرۇۋېلىپ ۋەكالىتەن ساقلاپ تۇرۇش» نامى بىلەن ئىلىنىڭ كەڭ جايلىرىنى بىۋاسىتە ئىشغال قىلىۋالغان ھەم ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بەش ماددىلىق روسىيە - ياقۇپبەگ سودا شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان. شۇنىڭ بىلەن، پۈتكۈل شىنجاڭ رايونى ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چۆنتىكىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. ئەسلىدە يەرلىك فېئوداللارنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولغان دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بوينىغا يەنە چەتئەل جاھانگىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە قۇل قىلىشىدەك ئېغىر ئاسارەت زەنجىرى سېلىنغان.

1875-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى يوقىتىشنى قارار قىلغان، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا قوللىنىلغان ئاكتىپ تەدبىر ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدە كەسكىن مۇنازىرە، يەنى ئاتالمىش «دېڭىز مۇداپىئەسى» بىلەن «قورغان مۇداپىئەسى» تالاش-تارتىشى بولغان. لى خۇڭجاڭ ۋەكىللىك قىلغان بىر گۇرۇھ شىنجاڭدىن كېچىپ، مەخسۇس دېڭىز ياقىسىدىكى رايوننىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشنى قۇۋۋەتلىگەن، بۇ ماھىيەتتە تەسلىمچىلىك ئىدى؛ زوزوڭتاڭ ۋەكىللىك قىلغان بىر گۇرۇھ دېڭىز مۇداپىئەسى بىلەن قورغان مۇداپىئەسىگە بىردەك ئەھمىيەت بېرىشنى تازا قۇۋۋەتلىگەن، ئۇ چىڭ ئوردىسىغا سۇنغان مەكتۇپىدا شىنجاڭنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «موڭغۇلنى قوغداش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، پايتەختنى قوغداش ئۈچۈن موڭغۇلنى قوغداش كېرەك...... ئەگەر شىنجاڭ مۇستەھكەم بولمىسا، موڭغۇل قەبىلىلىرىدە خاتىرجەملىك بولمايدۇ، شەنشى، گەنسۇ، سەنشى چېگرىلىرى ھەر ۋاقىت تاجاۋۇزچىلارنىڭ كىرىشىدىن ئەنسىرەپلا قالماي، مۇداپىئە قىلىپمۇ بولالمايدۇ، جىڭلى

(خېبېي) ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندىمۇ خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ۋەھالەنكى ھازىرقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، روسىيىلىكلەر دائىرىسىنى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيتىپ، غەربتىن شەرققە ئون نەچچە مىڭ چاقىرىم ئىلگىرىلەپ، شىمالىي چېگرىمىزغا تۇتاشتى. پەقەت ئوتتۇرىدا موڭغۇل قەبىلىلىرى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئوتتۇرىنى يىراققا قويۇپ، تۇيۇقسىز ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەر ئىشتا ئالدىن تەييارلىق كۆرمەي بولمايدۇ» («مەرىپەتلىك گۇڭ زوزۇڭتاڭ ئەسەرلىرى. خانغا يوللانغان مەكتۇپ» قا قاراڭ). زوزۇڭتاڭنىڭ پىكرى بىلەن لى خۇڭجاڭنىڭ تەسلىمچىلىكى روشەن سېلىشتۇرما بولغان. چىڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ساداسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاخىر زوزۇڭتاڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىش قارارىغا كەلگەن ھەم زوزۇڭتاڭغا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن يوليورۇق بەرگەن.

زوزۇڭتاڭ يوليورۇققا بىنائەن قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەندە، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ئاكتىپ ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەن. مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى، ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ تارىخى ئەسىرى «تارىخى ئەمنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدى» دە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇم قىلىشى ۋە تالان-تاراج قىلىشى بىلەن ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانلىقىنى، زوزۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا نەقەدەر تەشنا بولۇپ تۇرغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ خان (ئىلاۋە: چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانىنى دېمەكچى) نىڭ زەپەر ئەسەرلىك چېرىكلىرى تۇرپاندىن چىقىپ قەشقەرگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگىچە، بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ئوق چىقارمىدى. بەلكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ مۆتىۋەرلىك ئەئيانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قولىدىن كېلىشىچە خىزمەتكارچىلىقىنى كۆرسەتتى» («تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 506-بەت). چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم ۋاڭ شۇيۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىش تەپسىراتى» دېگەن كىتابىدىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا، «شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئون نەچچە تۈمەن ئادەم چىڭ قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى

كۆتۈپ شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان» دېگەن. ياقۇپبەگ مەغلۇپ بولۇپ كورلىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇل بەگ ئاتىسىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كۆچاغا قېچىپ كېتىپ بارغاندا، شۇ يەردىكى غەزەپلەنگەن ئامما تەرىپى-دىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا كەلگەن چىڭ قوشۇنىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. كەڭ خەلق ئاممىسى مۇشۇنداق پائال قوللاپ، ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، زوزۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى كۈچىنى تەل-تۆكۈس يوقىتىپ، ئىلىدىن باشقا كەڭ رايوننى قايتۇرۇۋالغان. يەنە 1881-يىلى، چاپالىق كۈرەش ئارقىلىق ئىلىنى روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغان.

زوزۇڭتاڭنىڭ بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭغا قوشۇن تارتىپ كېلىشتىكى مەقسىتى چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئىدى. شۇڭا كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسەن چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قاراتقان. بۇ ئۇنىڭ ئىچكى رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرغانلىقىدىن ماھىيەتتە پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئىلگىرىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ خەلقىگە مۇلايىم، كەڭچىلىك سىياسەت قوللانغان. بۇ توغرىدا موللا مۇسا سايرامى چىڭ قوشۇنىنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بولۇپ، ئاممىنى تەپرىقچىلىققا سېلىشنى ۋە بىگۇناھ ئادەملەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلغانلىقى ئاجەھەتتە توختىلىپ: «خاقانى مەنسەپدارلىرى ھەر قايسى شەھەرگە كىرگەندە، يامان ئادەملەر بولسا بىزگە چىقىرىپ بېرىڭلار، بىز ئۇلارنى ئىبرەت ئۈچۈن تىغ سىياسىتىدىن ئۆتكۈزىمىز، دەپ يارلىق قىلدى، يۇرت ئۇلۇغلىرىنىڭ رەئىسلىرى ياخشى ئەرباپلار «يامان ئادەملەر ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ قورقۇپ، تۇرالماي قېچىپ كېتىشتى؛ ئوبدان ئادەملەر ئۆز جاي-ماكانلىرىدىن قوزغالمىدى» دېگەن گەپلىرىنى ماقۇل تۇتتى. ئۇ باداريامان ئادەم ئىدى، دەپ مەلۇم قىلسا، بۇلارنىڭ جازاسىنى بەردى. لېكىن، ئۆزىچە بىرەر ئادەمنى ياخشى، ياكى يامان دېمىدى. مەيلى مۇجاۋۇر ياكى مۇساپىر ۋە ياكى ئەسكەر بولسۇن، ئۇلارغا ھېچقانداق دەخلى قىلمىدى. بەلكى تىنىچ بولۇپ پۇقراچىلىق قىلىڭلار، ئوبدان بولۇڭلار، كۆڭۈللىرىنى يامان قىلماڭلار، ئۇلۇغ خان سىزلەرنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىپ

يارلىق چۈشۈرگەن، دەپ ھەر قايسى شەھەر ۋە سەھرايى كەنتلەرگە كۆكسى
خەتلەرنى چاپلىدى، چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەم بۇنى ئوقۇپ خاتىرجەم بولدى»
دېگەن («تارىخى ھەمىدى»، 606-607-بەتلەر). بۇنىڭ ئەكسىچە، چەتئەل تاجا-
ۋۇزچىلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئىنتايىن ۋەھشىيانە قىرغىن-
چىلىق ۋە دەھشەتلىك تالان-تاراج قىلغان. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار جۇڭگو ۋە
چەتئەل تارىخلىرىنىڭ ھەممىسىدە بايان قىلىنغان. مەسىلەن، «تارىخى ھەمىدى»-
دە ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋاقىتتىكى زوراۋانلىق-
لىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان: ياقۇپبەگ يېڭىسارغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇيغۇر،
خۇيزۇ، خەنزۇلاردىن مىڭدەك كىشى ئۇرۇش ئوتىدا نابۇت بولغان؛ يەركەنگە
بېسىپ كىرگەندە، «ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن بالا-
قازادەك قىلمىشلىرىنى يالىتىرىتىپ، ئۇشتۇمتۇت تۆت تەرەپتىن قىقاس-سۈرەن
سادالىرىنى ياڭرىتىپ يېتىپ كېلىپ، شۇنداق چاپ-چاپ قىلدىكى، كىشىلەرنىڭ
جەسەتلىرى خۇددى دېھقانلارنىڭ زىرائەتگاھىدىكى ئۆنچىلەردەك يەر يۈزىدە
توپ-توپ ۋە دۆۋە-دۆۋە بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن قارا
تۇپراقنىڭ يۈزى خۇددى دەشتى دالادا ئۈسكەن لالىزاردەك قىپقىزىل بولۇپ
كەتتى»، خوتەنگە بېسىپ كىرگەندە، «ھەممە ئەسكەرلەر قىرغىنغا چىقىپ، چاپ-
چاپ قىلىپ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىت، ئىشەك، مۈشۈكلىرىگىچە بولغان جانلىقلىرىنى
ئۆلتۈرۈپ جانسىز قىلدى». قىرغىن قىلىنغان ئادەم ئەللىك مىڭدىن ئاشقان. چار-
روسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى قىلمىشلىرى ياقۇپبەگنىڭ-
كىدىنمۇ قېلىشمايدۇ. ھەتتا 1881-يىلىغا كەلگەندە، روسىيە مۇستەملىكىچى دائىرى-
لىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن قورغاسنىڭ غەربىدىكى كەڭ مۇنبەت زېمىننى
ۋە ئاتالمىش «ۋەكالىتەن قايتۇرۇۋېلىپ ۋەكالىتەن ساقلاپ تۇرۇش»نىڭ ھەربىي،
مەمۇرىي خىراجىتى ۋە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ «زەپەقە خىراجىتى» ئۈچۈن توققۇز
مىليون سەر مىقداردا كۆپ پۇل ئېلىۋالغان، ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بول-
غاندا، تارىختا كەم ئۇچرايدىغان ۋەھشىيانە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، يۈز مىڭدىن ئار-
تۇق يەرلىك ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي روسىيىگە ئاپىرىپ ئەمگەككە سالغان، بۇ بىگۇناھ ئەم-
گەكچىلەر يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېغىر سەرگەردانلىق ئازابىنى تارتقان.

زوزۇڭتاڭنىڭ تۆھپىسى بىلەن گۇناھىغا تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا
باھا بېرىش كېرەك. زوزۇڭتاڭ ئىچكى خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇش
ئۇرۇشىدا مەيدانغا كەلگەن بىر تارىخىي شەخس، ئۇ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق
تۈزۈمىنىڭ قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە، چوڭ جاللات زېڭ گوپەن بىلەن بىرلىكتە

تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان، كېيىن يەنە ئۆزى بېۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ نيەنجۈن قوشۇنى (ئەنخۇي ۋە خېنەن ئەتراپىدا ئۆتكەن قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى) ۋە شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغان. ئۇ ئۆمرىدە پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن ئېتىبارلىق (زېڭ گوپەندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان) ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، پومېشچىكلار سىنىپى تارىخشۇناسلىرىنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغان. لېكىن، بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭدا كۆرسەتكەن نەتىجىسىنى كۆمۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىيلىكى، كەسكىنلىكى ۋە ھەربىي قوماندانلىق ئىقتىدارى بىلەن تەسلىمچىلەرنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلىرىنى ۋە ھەر جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچىنى غەلىبىلىك ھالدا يوقىتىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك قۇل قىلىشىغا ئۇچراشتەك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇنى ۋەتەن ئۈچۈن بىر مۇھىم تۆھپە كۆرسەتكەن دېمەي بولمايدۇ. بۇ تۆھپە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچىنى يوقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق. بىزنىڭ زوزوڭتاڭنىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىمىز ھەرگىز ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى قوغدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل تەبىئىتىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولغان دېگەنلىكىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئوبيېكتىپ نەتىجىنىڭ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

(ئەسلىدە «بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى» گە كىرگۈزۈلۈپ. مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى.